# ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە يوقىتىشقا ئائىت ئىچكى ھۆججەتلەر

مەزكۇر توپلام تۆۋەندىكى يازمىلاردىن تەركىب تاپقان


1. شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى يۈزەكى مۇھاكىمە.....................جۇ كۈنرېن
2. ج ك پ مەركىزى كومىتېتى 7-نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججىتى...........................جياڭ زېمىن

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى يۈزەكى مۇھاكىمە

جۇ كۈنرېن
(10- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئازاتلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى)

(ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئەسلى ماقالىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى قىسقارتىلدى.)

--------------------------------
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىدېئولوگىيىسى ۋە خاتالىقلار
--------------------------------

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى شىنجاڭدا يامان ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلسە، شۈبھىسىزكى ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، 80 - 90 -يىللار ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى بەك ئەۋج ئالغان 20 يىل بولدى. بۇ ھال ھەم سىرتتىكى خەلقئارا مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خاتا سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتكەنكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرى، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مانا مۇشۇ فاڭجېن-سىياسەتلەر مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، شىنجاڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىنكى تولا يىغلايدىغان بالا گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ يىغىسىدىن توختاپ قالار ئىكەن. بۇنىڭدىن ۋاڭ جېننىڭ ھەيۋىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ۋاڭ جېن - جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك قەھرىمانى. ئۇ زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى « ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىپ چېگرا رايوننى ساقلاش » سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى قۇردى. ئادەتتە پۇقرا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئورگان شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. «چاقىرغاندا كېلەلەيدىغان، جەڭ قىلغاندا غەلىبە قىلالايدىغان» مىليون كىشىلىك بۇ قوشۇن دۆلەتتىن بىر تال ئاشلىق تەلەپ قىلمىدى. ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زور كۈچ بىلەن زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى نەچچە ئون يىل تىنچ ساقلىدى. لېكىن ۋاڭ جېنمۇ سەل رەھىمسىزلىك قىلدى: يەنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولغان بولسا، ھەقىقەتەن سەل قانخورلۇق قىلغان. لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا

بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جۇڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھىمدىللىك قىلىشى، يۇمشاق قول بولۇشى بىلەن بۆلگۈنچىلەر كۆز قارىشىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئاجىز دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلار زورىيىپ كېتىپ، تاقابىل تۇرماق مۇمكىن بولماي قالغان چاغدا، مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دۈشمەنگە رەھىمدىللىك قىلىش ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۆپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چېچىلغان بۇ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى 80 -يىللاردا بىخلاپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ دەۋرى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئەڭ تىنچ، مىللىي زىددىيەت ئەڭ پەسەيگەن دەۋر بولدى. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەقتە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە ئىدى.

خۇ ياۋباڭ دەۋرىگە كەلگەندە سۇبيېكتىپچىلىق چوڭ خاتالىقى سادىر قىلىندى. يەنى «شىنجاڭ، شىزاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددا» چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى:

1. تولۇق ئاپتونومىيە بولۇش
2. تەربىيىلىنىپ، ھاللىنىۋېلىش
3. ئاپتونوم رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
4. ناھايىتى كۆپ خىراجەت ياردەم قىلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىش
5. ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
6. شىنجاڭغا، شىزاڭغا بارغان كادىرلارنى تۈركۈمگە، مۇددەتكە بۆلۈپ ئىچكىرىسىگە يۆتكەپ كېتىش

يۇقىرىقى ئالتە ماددىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەشنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىسبىتىنى كۆپەيتىشنى، خەنزۇ كادىرلارنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىشنى، ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى.

خۇ ياۋباڭنىڭ قارىشىچە، سىياسەتتە شىنجاڭغا ئېتىبار بېرىلسە، ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا تەبىئىي مايىللىشىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى تەبىئىي يوسۇندا قوغدىلىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇيغۇرلار جۇڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەربنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەر كۈنى چىقىرىپ بولۇپ يىغىۋېلىنغان دۆلەت بايرىقىنى ئەكىرىپ دەسسىگەن! قانداق ئۆچمەنلىك مۇشۇ دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ؟!

خۇ ياۋباڭ ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە خاتالاشتى:
1. شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىنى، كۈچنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي گەۋدىسى بولالمايدىغانلىقىنى بىلمىدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددىنىڭ بىر نەچچە ماددىسى خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزدى. مەسىلەن، 60 پىرسەنت سىياسىتى - ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭلىقلار 60 پىرسەنتنى ئىگىلەش، رەھبىري كادىرلار ئىچىدە 1-قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش كېرەك دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنى 2-دەرىجىلىك پۇقرا ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا ئاساسىي قاتلامنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيتىسىنى كۆمۈپ قويدى، ئۆز ئارا زىددىيەتنى ئىنتايىن كۆپەيتىۋەتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۆچەيتەلمىدى. بولۇپمۇ 90 يىللاردىن كېيىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار قىيىنچىلىقتا قالدى. يۇقىرىقى سىياسەت يەنە بىر يۆك بولۇپ قالدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولدى. چۈنكى
خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ نىسبىتى چوڭ، ساپاسى تۆۋەن ئىدى. ھەتتا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60 پىرسەنت بولۇش سىياسىتىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يۆك بولۇپ قالدى، بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يۆك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي جەمئىيەتتىن نارازى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر مالىمانچىلىق، ھەرقانداق بىر تەشكىلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇچۇن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەييارلاۋاتىدۇ.

2. قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى. ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ. بۇ سۆز سەل چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەن، مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەندەك كۆرۈلسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ساقلىشىدىكى ئىلاجسىزلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يالغان خاراكتېرلىق بەزى دېلولار، مەسىلەن، كاۋاپچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن قاتىلغا ئاران ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىش قاتارلىقلار خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئەگەر 60 پىرسەنتلىك سىياسەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە زىيان سالدى دېيىلسە، ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنىڭ بۇنداق ناچارلىشىشى ياشاش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزدى. ئەگەر بولۇشىغا قويۇۋېتىلسە، كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىقنى ۋە نوپۇسىنىڭ بىنورمال ئېشىشىشىنى - شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېقىشىنى پەيدا قىلىدۇ! ئوخشاشلا بۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىشتىن ئۇيغۇرلار مىننەتدار بولامدۇ؟

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، گۆشنى تۇتقان ئادەم گۆشنى ئالمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ساقچىلاردا ئۇيغۇرلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. بۇنداق بولۇشىنى بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۇلارغا ئادەتلەندۈرۈپ قويغان. ۋاھالەنكى، بۇنداق سىياسەت خەنزۇلار ئارىسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟ ئەمدى يەنە بىر مىسالنى كۆرۈپ باقايلى: 1993- يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدە قانلىق

دېلو پەيدا بولدى. ئۇ دېلونى بۆگۈن ئۇيلانسىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ پاخالچىلىكمۇ قەدرى بولمىغان. قەشقەر شەھرىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خەنزۇ ئايال باغچىنىڭ ئالدىدا بىليارت تاختىسى قۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. چۈشتە 14 ياشلىق سىڭلىسىنى ئېلىپ ئالىي مەكتەپتىن تەتىل قىلىپ كەلگەن قىز ئاپىسىنىڭ ئورنىدا بىليارت تاختىسىغا قاراپ تۇرغان. ئاپىسى تاماق يېگىلى كەتكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئانا يېڭىلا ئالىي مەكتەپكە چىققان قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان. قىزلارنىڭ ئاپىسى كەتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە ئۇيغۇر بالا بىليارت ئوينىغىلى كەلگەن. بىليارت ئويناۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ھېلىقى قىزنىڭ سىڭلىسىغا بىزەڭلىك قىلىشقا باشلىغان. قىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ سىڭلىسىنى قوغداپ، بىر ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىشىغا كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىلىپ، شۇ ھامان جان ئۈزگەن. قىزنىڭ سىڭلىسى قايغۇ-غەزەپ بىلەن قاتتىق يىغلاشقا باشلىغاندا ھېلىقى ئۇيغۇر بالىسى بازار تەرەپكە كېتىپ قالغان. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرەرسىمۇ ئۇنى توسمىغان، ساقچىغىمۇ خەۋەر قىلمىغان. ئانا قايتىپ بۇ پاجىئەنى كۆرگەندىن كېيىن ساقچى چاقىرىپ كەلگەن. ساقچى ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن سورىغاندا بىرەر ئادەم، جۈملىدىن بىليارت ئويناشقا بىللە كەلگەنلەر قاتىلنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ساقچىلار ئەتىسى قاتىلنى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان كارىۋېتىدىن تۇتۇۋېلىپ، سوراق قىلغاندا، تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قېلىپ، نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن دېگەن. سوت قاتىلغا مەست بولۇپ قېلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ئادەمنى زەخملەندۈرگەن، دەپ، ئۇنى ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جەمىيەتتە دەرھال غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىمىز دېگەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، نەپىقە بېرىشكە، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، يۇمشاق، قاتتىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ۋەقەنى تىنجىتقاندىن كېيىن بېسىپ قويغان.

3. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گۈللىنىشى، تىل - بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى - ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىشتىن ئىبارەت. خۇ ياۋباڭ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى - ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويدى. 1980 -يىلى 10 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى مەسچىت-مەدرىسىلەرنى ئېچىۋېتىش، «قۇرئان كەرىم» نى قايتا نەشر قىلىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مەسچىت-مەدرىسىلەر قايتىدىن ئېچىلدى. بۇزۇلغان مەسچىت-مەدرىسە، ئىبادەتخانىلار، دىنىي خارابىلىقلار رېمونت قىلىندى. يېزىلار، شەھەرلەردىكى دىنىي مەكتەپلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك كۆپىيىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقىدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بەرمەي، بالىلارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى. دىنىي مەكتەپلەرگە بىر مەھەل بالىلار سىغماي قالدى. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ئازلاپ كەتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا دىن بىر پەشۋاغا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان ئىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتېئىزم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلپ - قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى. تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 -يىلى 9-ئاينىڭ 13 كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خەنزۇچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى شۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى - شىنجاڭلىقلارنى ئاسىملاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش 1961 -يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خەنزۇچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەرسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇرىي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۆنسايىن ئېغىرلىشىپ، خەنزۇلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى جۇڭگو بېكىنمىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقئارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەينى چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت ساددىلىق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇرلارغا ياخشىچاق بولغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى، يەنە كېيىنكىلەرگىمۇ زىيان سالدى. ئويلاپ باقايلى، ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئۇيغۇرچە تەربىيە ئالسا، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ، بىر يىل خەنزۇچە ئوقۇسا، ئاندىن كېيىن تۆت يىل خەنزۇ تىلىدا كەسپىي دەرس ئوقۇسا، نېمە ئۆگىنەلەيدۇ؟

4. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارنىڭ 1-قولى ئۇيغۇردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قوللىغان. نۇرغۇن جايلاردا ئۇيغۇردىن بولغان 1- قول باشلىقنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇق چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن جەڭچىلەر بىكاردىن-بىكار قۇربان بولغان (شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قاراڭ). ئاساسىي قاتلاملاردا ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلار ئۇيغۇرلارغا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز يان باسسىلا، خەنزۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بەك يامانلاشقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خەنزۇلار بىر قەدەر سەۋرچان ۋە جاپاغا چىدامliق بولۇپ، جان باققۇدەك ئىمكانىيەت بولسىلا

قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ئاللىقاچان يۈز بەرگەن بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر چەت ئەللەردىكى جامائەت پىكرىدە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ بولسىلا، خۇ ياۋباڭنى ماختاپ، ۋاڭ جېننى كەمسىتىدىغان سۆزلەر بولىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىتى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا ئوخشىمىغان ئۈنۈم بەردى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھال مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

--------------------------------
ئاھالە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دۈچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر
--------------------------------

بىرەر جاينى ئىدارە قىلىشتا بىرىنچىسى، ئادەم جۈملىدىن باشقۇرۇش تەبىقىسى ۋە باشقۇرغۇچىلار تايىنىدىغان ئاۋام تەبىقىسى، يەنى كۈچنىڭ مەنبەسى؛ ئىككىنچىسى، ماددىي ئاساس، يەنى كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بولىدۇ.

بىرىنچى نوقتىدا ئىككى ئۇسۇل بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ. دۆلەت بېيىپ كۈچەيگەندە يەرلىك مىللەتلەرنى باقسا، ئۇلار دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇشنى خالايدۇ. دۆلەت خارابلاشقاندا ئۇلار مۇستەقىل بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق سىياسەت ئېتىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان « ئىبادەتخانا سېلىش » ۋە بېقىشلار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولمايدۇ؛

ئىككىنچىدىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسنىڭ ئاساسى گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم. بۈنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان - شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كۆندە نەچچە مىڭلاپ كۆچمەن يۆتكىگەن. مانا بۇ، شەرقىي شىمالنىڭ بۈگۈنكى كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاساسلىقى مۇشۇ تەپەككۇر نەزەرگە ئېلىنغان. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ باقايلى: بىڭتۇەن تەۋەلىكىدە 13 يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىسى، بىر قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسى، 174 دېھقانچىلىق، - چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە نۇرغۇن سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرى بار. 2000- يىلىنىڭ ئاخىرغىچە بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئومۇمىي نوپۇس ئىككى مىليون 427 مىڭ 900 كىشى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 703 مىڭ 700 كىشى بولدى. بىڭتۇەن تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلار شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تارقىلىپ، ھەر بىر رايونغا قوزۇق بولۇپ قېقىلىپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ ئاساسىي نوقتىسى قىلىندى.

لېكىن، كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياسىتى شىنجاڭدا رېئال مەسىلىگە دۈچ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، ماددىي ئاساس، ئەڭ مۇھىمى سۇ مەسىلىسىگە دۇچكەلدى. سۇ بولمىسا ئادەم ياشىيالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھۆل-يېغىن ئاساسلىقى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ غەربىي شامال ئېقىمىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىن كېلىدۇ. تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيانىنىڭ پەسىللىك شامىلى شىنجاڭغا كىرەلمەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرچە قىممىتى ( 630 مىللىمېتىر) نىڭ 23 % ىگە توغرا كېلىدۇ. يەر شارىنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتىكى رايونلار ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھۆل-يېغىنى ئەڭ ئاز. ھۆل-يېغىنىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى مۇنداق: ھۆل-يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسىمدا شەرقىي قىسىمدىكىدىن كۆپ، تاغلىق جايلاردا تۈزلەڭ جايلاردىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقنىڭ چۆرىسىدە ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدىن كۆپ، شامال تېگىدىغان يانتۇلۇقلاردا شامال تەگمەيدىغان يانتۇلۇقلاردىكىدىن كۆپ. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ قۇرغاق كىلىماتىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، كۆپىنچە يەرلەر قۇملۇق-چۆل. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى 95 % نوپۇس شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارغا توپلانغان.

بوستانلىق رايونلاردا نوپۇسنىڭ زىچلىقى بىر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 200 ئادەم بولغان، بەزى جايلاردا 500 ئادەمگە يېتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇس زىچلىقىغا يېقىنلاشقان. ئەگەر يېڭى سۇ مەنبەسى بولمىسا، كۆچمەن يۆتكەش بوشلۇقى قالمايدۇ. شۇڭا باشقىچە ئاھالە كۆچۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشىمىزغا، يەنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2-ئەۋلادىنى ئاسمىلاتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوشۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىشى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن 20 يىلدا شىنجاڭدىن 200 مىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىسى كېتىپ قالغان. بۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كىشىلەرنى جەلىپ قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى. لېكىن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەسىلىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. غەربىي رايوندا ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەيدۇ. كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق كېتىپ قېلىشى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ كېتىدۇ. كېتىپ قالغانلارنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىش تەسىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەھۋال تاشقى كۈچ بىلەن چەكلىمىگۈچە - مەسىلەن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئاچمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ.

ھازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىسىگە قايتىپ كېتىپ بارىدۇ.

بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. قورقۇنچلۇقى شۇكى، كوسوۋودىكى سىربلار كەڭ كۆلەمدە يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كۆچكەندەك، ئادەتتىكى خەنزۇ پۇقرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جۇڭگودىكى يامان ئىش بولىدۇ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بىشارەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى (مەسىلەن، نوپۇس تۈزۈمى، ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى تۈزۈمى) بولغاچقا، بۇنداق كۆچۈش ۋاقىتىنچە يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلمىسە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، نوپۇسنىڭ بۇنداق ئىستىخىيىلىك كۆچۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

## 2. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى

بىرىنچىدىن، سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىپ سۇنى تېجەش. سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىشتە، بىرىنچىسى ھۆل-يېغىننىڭ كۆپىيىشى. ياخشى خەۋەر شۇكى، شىنجاڭدىكى ھۆل-يېغىن ئاستا-ئاستا كۆپىيىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئاخبارات تورىنىڭ 2002-يىل 11-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدىن قارىغاندا، يەرشارىنىڭ قۇملۇقلىشىشى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەزەلدىن ھۆل-يېغىن ئاز بولغان شىنجاڭ ئاستا-ئاستا «نەملىشىش» كە باشلىغان. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەدرىجى يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن، ھۆل-يېغىن بارغانسىرى كۆپەيگەن. شىمالىي يېرىم شارنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتىكى رايونلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتىدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆزگىرى شۇكى، تېمپېراتۇرا يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن، ھۆل-يېغىن ئازايغان. پەقەت شىنجاڭ بۇنىڭ سىرتىدا بولغان. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، يەنى 1961-يىلدىن 1990-يىلغىچە، ھۆل-يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا **6.9%**، تەڭرىتاغ رايونلىرىدا **3.6%**، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا **21.2%** كۆپەيگەن. شىنجاڭدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگىرىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ، لېكىن ھۆل-يېغىننىڭ كۆپىيىشى شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ چوڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاجىز ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ياخشىلاشقا، بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى توغراق ۋە يۇلغۇننى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى ئومۇمىي سۈيى 63 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر يىلى بۇنىڭدىن 20 مىليارد كۇب مېترنى ئېچىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھازىر ھەر يىلى ئېچىلىۋاتقان يەر ئاستى سۈيى 3 مىليارد 400 مىليون كۇب مېترغىمۇ يەتمەيدۇ. بەلكى رايونلار ئارا ئىنتايىن تەڭپۇڭلاشمىغان. يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ھازىر ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق سانائىتى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان شىمال ۋە شەرقتىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ئىنتايىن ئاز بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە نوپۇسنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شىنجاڭ رايونىدا، يەر يۈزىدىكى ھۆل-يېغىن چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، يەر ئاستى سۈيىنى تايىنىشقا بولىدىغان سۇ مەنبەسى قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گېئولوگىيىنىڭ قېدىرىپ تەكشۈرۈش سەۋىيىسى ۋە كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يەر ئاستى سۇ ئامبارلىرى ئۈزلۈكسىز بايقالدى. يېڭى سۇ مەنبەلىرىنىڭ بايقىلىشى، شەكسىزكى، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. تىپىك مىسال شۇكى، جۇڭگو كۆمۈر گېئولوگىيە تارماقلىرى جۇڭگونىڭ « ئەنتايىن قۇرغاق » دېيىلىدىغان شىنجاڭدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن تۆزلەڭلىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا چوڭ تىپتىكى « يەرئاستى سۇ ئامبىرى » بارلىقىنى، سۇنىڭ سۈپىتى ئىچىدىغان ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ يەر ئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بايقىلىشى شۇ رايوندىكى كۆمۈرلۈكنى ئېچىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. كۆمۈر زاپىسى بىر مىليارد 400 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان بۇ كۆمۈرلۈك 70 -60-يىللاردا بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، كۆمۈر قېزىش كۆنتەرتىپكە كىرگۈزۈلمىگەنىدى. ھازىر ئېلېكتر تارماقلىرى بۇ يەردە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ توك لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان توگۇن بەرپا قىلىپ، بۇ رايوننى شىنجاڭدا «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزىدىغان» تۈنجى پونكىتقا ئايلاندۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 2001 -يىلى تارىم ئويمانلىقىدا ئالاھىدە چوڭ يەر ئاستى سۇ ئامبىرى بايقالدى. ئويلاپ باقايلى، تارىمدىكى نېفىت بىرلەشمە جېڭى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە ئېقىتىش، قازاقىستاننىڭ نېفىتىنى ئېچىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا بۇ يەر ئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بايقىلىشى ھەقىقەتەن شىپالىق يامغۇر بولدى.

ئۈچىنچىدىن، سۇ يۆتكەش. شىمالىي شىنجاڭنىڭ سۈيىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەش كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى تەكشى تارقالمىغان. شىمالدا سۇ كۆپ، جەنۇپتا سۇ ئاز. شىمالىي شىنجادا كەلكۈن ئاپىتىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا سۇ باشلاشنى ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ. بۇنداق سۈيى مول جايلىرىدىن قۇملۇق، سۈيى يوق جايلارغا سۇ ئاپىرىپ ئېكولوگىيىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا خەلقئارادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەجرىبىلەر بار. ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا باشلاش قۇرۇلۇشى شۇ جۈملىدىندۇر. ئىسرائىلىيىدە سۇ مەنبەسى بار جايلار ئەنتايىن تەكشى ئەمەس، 80 % سۇ مەنبەسى شىمالدا. سۇغىرىشقا ئېھتىياجلىق ئۈچتىن ئىككى قىسىم رايون جەنۇبتا. شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىسرائىلىيىدىكى سۇ مەنبەسى مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، جەنۇبنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرغان ئاساسىي ئامىلنى ھەل قىلىپ، ناچار ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، جەنۇبنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەھۇدىيلارنىڭ ياشاش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ھېچنەرسە ئۆسمەيدىغان قۇملۇقلارنى بوستانلىقلارغا ئايلاندۇردى ھەمدە ئەلا سۈپەتلىك مېۋە، كۆكتات، گۈل-گىياھلارنى ئىشلەپچىقاردى. ئىسرائىلىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى سۇ يېتىشمەيدىغان قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزنى ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئۈلگىسى بىلەن تەمىنلىدى.

ئالدى بىلەن، شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ باقايلى. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى ۋە ئالتاي رايونىدىكى ئىككى دەريا - ئىلى دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى چەت ئەلگە (قازاقىستانغا) چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ سۇ مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ 20 پىرسەنتىدىن پايدىلىنالايمىز. قالغان 80 پىرسەنتى چەتئەلگە ئېقىپ كېتىدۇ. بۇنى تېز باشلاپ كېلىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك، گەرچە بۇنداق قىلغاندا خەلقئارا

سۇ مەنبەسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسىنى پەيدا قىلىسمۇ، شىنجاڭ رايونىدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۇنى ئۆستەڭ بىلەن باشلىماي، تۇربا بىلەن باشلاش كېرەك. تېخنىكا جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ. ئىقتىسادىي نوقتىدىن قارىغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، تېز ئۈنۈمى بولمىسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭغا نامراتلارنى يۆلەشكە بېرىدىغان ياردەم پۇلىنى ۋە سۇنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن خەنزۇ كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن ھەربىيگە بېرىلىدىغان خىراجەتنى تۆۋەنلىتىشنى ئويلىغاندا، بۇنداق تۇربا بىلەن سۇ باشلاش گۈڭ كۆتۈرىدۇ.

يوقۇرىدا سۇ مەنبەسىنى ئېچىش ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى سۇ تېجەش ھەققىدە توختىلىمىز. بىزگە مەلۇمكى، سۇ مەنبەسىنى ئېچىپ، ئاسىرىمىغاندا سۇ ھامان يېتىشمەيدۇ. ھازىر شىنجاڭدىلا ئەمەس، جەنۇبىي جۇڭگونىڭ جۇجياڭ دەرياسى ئېقىمىدىكى بەزى جايلاردىمۇ سۇ قىسلىق قىلىۋاتىدۇ. رېئاللىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شىنجاڭ رايونىدا سۇنى تېجەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىدى. ھازىر شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردا يەر ئاستى سۈيى تۆۋەنلەپ كېتىش مەسىلىسى كۆرۈلدى. شىنجاڭدا سەرپ قىلىنىدىغان ئومۇمىي سۇنىڭ 98.5 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىكىگە سەرب قىلىنىدۇ. (شىنجاڭدا نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نىسبەت سەل تۆۋەنلىدى). ئاز ساندىكى رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا سۇغىرىش ئۇسۇلى يەنىلا ئىپتىدائىي سەۋىيىدە تۇرۇپتۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى سۇدىن پايدىلىنىشتا ئىسراپچىلىق ئېغىر ئىكەن. مەسىلەن، ئېرىقلاردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئاران 0.45 ئىكەن (ئېرىقلاردا سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى غول ئۆستەڭدىن ئېتىزدىكى ئېرىقلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش سىستېمىسىدىكى زىياننى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پۈتكۈل ئېرىق- ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ). شىنجاڭدا ھەر مۇ يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 800 كۇب مېتىر (ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن جىق)، ئاقسۇدا 1500 كۇب مېتىر ~ 1200 كۇب مېتىر، يەكەندە 1000 كۇب مېتىر، خوتەندە 1200 ~1100 . شىمالىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك 7-دىۋىزىيىسى، 8-دىۋىزىيىسىدە 590 ~ 500 كۇپ مېتىر بولغان بولسىمۇ، مەھسۇلاتقا تەسىر يەتمىگەن.

يۇقىرقى سانلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، شىنجاڭدا سۇ تېجەشتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ئېرىقلاردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى تېجەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى 0.45 تىن 0.51 گە كۆتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىر تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 0.7 گە يەتكۈزۈلدى. يەنە بىرى، سۇغىرىش نورمىسىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. يەنى ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى 800 كۇب مېتىردىن 700 كۇب مېترغا، يەنە تىرىشىپ 600 كۇپ مېترغا تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ 800 كۇپ مېتىردىن 700 كۇپ مېترغا تۆۋەنلىسە سۇغىرىش كۆلىمىنى 3 مىليون مو كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر كۇپ مېتىر سۇ بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتنى ھېسابلاش ئارقىلىق سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ماناس رايونىدا ھەر كۇپ مېتىر سۇ بىلەن 0.7 كىلوگرام بۇغداي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىلغان، يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرلەردە 1.5 كىلوگرام بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلغان. پۈركۈپ سۇغۇرۇش ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى كىلوگرامغا يەتكۈزۈلگەن. خەلقئارا سېۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا، مەسىلەن، ئىسرائىلىيىدە ھەر كۇپ مېتىر سۇ بىلەن 2.6 ~ 2.3 كىلوگرام بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلغان. بىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭدا سۇنى تېجەش ئىمكانىيىتى چوڭ.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىمۇ قىلىدىغان ئىشلار بار. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 30 يىلدىن بۇيان، تۆزلەڭدە ئۈچ مىليارد كۇپ مېترلىق سۇ ئامبارلىرىنى، ئاران نەچچە ئون مىليون كۇپ مېتىر سۇ سىغدۇرىدىغان تاغلىق رايون سۇ ئامبارلىرىنى (بۇنى ئەلۋەتتە ئىككىسىگە كېتىدىغان مەبلەغ ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىدىكى پەرق پەيدا قىلغان) سالدى. تۆزلەڭدىكى سۇ ئامبارلىرى ئەمەلىيەتتە تەبىئىي كۆللەر بىلەن سۇ تالىشىپ، تەبىئىي كۆللەرنىڭ سۈيىنى ئازايتىپ، كۆللەمنى كىچىكلىتىۋەتتى. شىنجاڭدىكى تۆزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن ئالتە مېترغىچە. شىنجاڭدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا سۇ مەنبەسى ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئامبارلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىياننى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تاغلىق رايونلاردىكى سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كەلكۈن مەزگىلىدە سۇنى يىغىۋېلىپ، سۇنىڭ بىكار زايە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەندىن باشقا، سۇ مەنبەسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان قىلمىشلارنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىپ، قالايماقان ئاچىدىغان ھادىسىلەرنى چەكلەش لازىم. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 30 يىل سۇ ئۈزۈلۈپ قالغاچقا نۇرغۇن توغراق قۇرۇپ كەتتى. مانا بۇ، سۇ مەنبەسىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى پەيدا قىلغان ئېكولوگىيە ناچارلىشىشىنىڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ، شىنجاڭدا سۇ مەنبەسىنى
قوغدايدىغان تۇنجى قانۇن «ئاپتونوم رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ماقۇللاپ، 2002 -يىلى 8-ئايدىن باشلاپ يولغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا «سۇ ئېلىشقا ئىجازەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ پرىنسىپلىرى»، « قۇدۇقلارنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئۇسۇلى »، « تارىم دەرياسىدا سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى » ۋە « كۆللەرنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئۇسۇلى » نىمۇ ئېلان قىلدى.

ئەگەر سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولسا، شىنجاڭغا، نوقتىلىقى جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆپلەپ كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىنىشقا بولىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تارقىلىشىغا قاراپ باقايلى: شىنجاڭدىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىشى مىللەتلەر بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى 20% تىن ئېشىپ كېتىدىغان يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا، شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى خوتەن رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى 96.9% كە يېتىپ، يالغۇز مىللەتكە باراۋەر بولۇپ قالغان،

شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى ئالتاي رايونىدا ئۇيغۇرلار ئاران %1.8 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان - نىسبىتى %50 تىن ئېشىپ كېتىدىغان رايون بەش بولۇپ، بۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ %80 تىن كۆپرەكى مەركەزلەشكەن. بۇ بەش رايون خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت. جۈملىدىن خوتەن ۋە قەشقەر شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىنىڭ ماكانى. ئىسرائىلىيىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەنزۇلارنى كەڭ كۆلەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم (ئادەم يوق يەرلەرگە كۆچۈرۈش كېرەك. خەنزۇلار كېلىپ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بوشلۇقنى تارتىۋالدى دەيدىغان تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق لازىم). شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكتىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ياخشىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بوشلۇقى چەكلىنىدۇ.

3. ھازىرقى باسقۇچتا ھۆكۈمەت قوللىنىدىغان تاكتىكىلار

ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان تېررورچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت تۆۋەندىكى تاكتىكىلارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:
A. تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېررورچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىققان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خەلقئارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، تۇتۇلۇپ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن تېررورچىلار كۆپ ھاللاردا تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىسى بولۇپ قالغان.

B. تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

C. خەلقئارالىق مۇداپىئە كۆرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر خەلقئارادىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا شەرقىي تۈركىستان تېررورچى تەشكىلاتلىرى مەڭگۈ كىلىمات يارىتالمايدۇ. خەلقئارادا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا گىرتسىيە كوزىرى، سىپروس كوزىرى بار. تۈركىيىگە نىسبەتەن ساياھەت-ئىقتىسادىي كوزىرى، كۇردلار كوزىرى بار. ئوتتۇرا شەرقتە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كوزىرى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئۈتكۈر قورال ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، نەزەرنى شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىغىلا تىككەندە بەك يۈزەكىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق كۈچى ھەقىقىي نىشان ھېسابلىنىدۇ.

D. ئۇيغۇرلارنى خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تېزگىنلەش كېرەك. ئەگەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەر نوپۇسى نىسبىتىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرى رايونلارنىڭ بۆلۈنىشىدە بۇ پىرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موڭغۇللار ئاران %4.5 نى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسى 6.8% نى، ئۇيغۇرلار 16% نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر تەبىئىي بايلىقنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرگەندە بۇ پىرىنسىپنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

**E.** شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بىزگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتنى كونترول قىلىشى مەيلى ۋاستە جەھەتتىن ياكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن ناچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**F.** شىنجاڭدا قانۇن-تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خەنزۇلار ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خەنزۇلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى پاختىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىچۈەن دېھقانلىرى يىغىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئاز ھەق ئېلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندۇڭلۇقلار شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولىدۇ.

--------------------------------

شىنجاڭ مەسىلىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ

--------------------------------

ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى - ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى (كوسوۋو ئەندىزىسى) نى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا كىرگۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شىنجاڭنى مەھكەم ئىگىلەپ ئېچىش بىزنىڭ نىشانىمىز، شۇنداقلا جۇڭخۇانىڭ كەلگۈسى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىر يۈرۈش پىلان بولىشى كېرەك. يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقىتىش لازىم.
نۆۋەتتىكى تەدبىرلەرنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

1. خەنزۇ تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا-ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خەنزۇ تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خەنزۇلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى خەنزۇ تىلى ئىشلىتىش (ياكى خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگىنىشنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش) لازىم. ئىچكىرىسىدىكى كارخانىلار ۋە ھەرخىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. بۇنى ھەش-پەش دېگۈچە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇلسا، ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ،

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، لېكىن خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىق لازىم. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدىغان سىياسەت بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ 1-قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بيۇروكراتلىق ئەنئەنىسىدىكى جۇڭگودا ئىنتايىن چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. قانۇننى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، خەنزۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى 2-دەرىجىلىك پۇقرالىق مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش لازىم. ھازىر خەنزۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە كەتمەسلىكىدە نوپۇس تۈزۈمى مۇھىم سەۋەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇس تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتەن خەنزۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. سۇ بايلىقى مول، ئېچىلمىغان يەرلەرگە كۆچمەن كۆچۈرۈش، خەنزۇ كۆچمەنلەرنى ئادەم يوق يەرلەرگە ئىۋەرتىش ماكرو قاتلامدىن ئېيتقاندا يەرلىك مىللىي ئەزىمەتلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن يەرلىك مىللەت خەلقى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىغاندا ۋە ئۆز ئارا چېقىلمىغاندا، ئۇلار بىلەن بايلىق تالاشمىغاندا، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەندە، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان توقۇنۇش ئاساسىي قاتلامغا يامراپ كەتمەيدۇ.

3. شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىش، غەربىي رايوننى ئېچىش شامىلىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى، قاتناش قۇرۇلۇشىنى زورايتىش لازىم. تۆمۈريول ياساش ۋە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىنى پۇرسەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كۆچمەننى شىنجاڭغا (ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭغا) كۆچۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن شىنجاڭدىكى خوتەن رايونىنىڭ كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 15% پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق كۆلىمى 9730 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 620 مىڭ 500 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.62 مۇدىن يەر توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليون 743 مىڭ 813 ، ئۇيغۇرلار بىر مىليون 685 مىڭ 838 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.68% نى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىڭدە 11.4 ، خەنزۇلار ئاران 54 مىڭ 326 ئادەم. ...

4. تېرورىزم ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرورچىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ، تەكشۈرۈپ بايقالغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي دەرھال ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش كېرەك ، ھەرگىزمۇ خەلقئارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەمەسلىك كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، تۇتۇلغاندىن كېيىن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن تېرورچىلار كۆپ ھاللاردا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىغا ئايلاندى . تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. تېرورچىلارنىڭ ئاۋات شەھەرلەردىكى پۇلدىن پايدىلىنىشىدىن خالى بولۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان كونا رايونلاردا شەھەر قۇرماسلىق، ئۇيغۇر بولمىغان يېڭى شەھەرلەرنى - يېڭى شىخەنزە، يېڭى كۈيتۇن، يېڭى ئارال (ئاقسۇدا) لارنى داۋاملىق قۇرۇش لازىم.

5. شىنجاڭ رايونىدىكى ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەربىي كۈچنىڭ ئاساسلىق تەركىۋى قىسمىنىڭ بىرى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى . بىڭتۇەننى ئەلۋەتتە دېمىسەكمۇ بولىدۇ. شەھەرلەردە ، مەسىلەن ئۈرۈمچىدە خەلق ئەسكەرلەر كۈچى قۇرۇش كېرەك . يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۇسۇلدىن بىرى، بىر كوچىنى ئاساس قىلىپ ، كارخانا كۈچىنى بىرلىك قىلىپ ، ئۇنۇملۈك مەشق ۋە قوراللىق مېخانىزم بەرپا قىلىش كېرەك . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەقە يۈز بەرسە ، چاقىرغان ھامان كېلىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ . ئۇندىن باشقا شىنجاڭدىكى مۇنتىزىم ئارمىيىنى كۈچەيتىپ ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك ، بۇ مۇنتىزىم ئارمىيە شىنجاڭ مۇستەقىللىقىغا تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامرىكا قوشۇنلىرى ۋە جەنۇپتىكى ھىندىستانغا تاقابىل تۇرىدۇ.

6. خەلقئارادا مۇداپىئە قۇرۇش. ئەمەلىيەتتە خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا ، شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى مەڭگۈ نەتىجە چىقىرالمايتتى . بۇ نۇقتا شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىغىمۇ ئايدىڭ ، ئۇلارنىڭ تايىنىدىغىنى پانئىسلامىزم كۈچلىرى ۋە پانتۈركىزم كۈچلىرى . يېقىندا روسىيە چېچېن پاتقىقىغا پېتىپ قالدى ، بۇ جۇڭگوغا نىسبەتەن ھەم خوشاللىق ھەم قايغۇلۇق ئىش. خوشاللىق بولسا روسىيە قانچە چوڭقۇر پاتسا ، ئۇنىڭ جۇڭگوغا قايتا تەھدىت بولۇش ۋاقتى شۇنچە كېچىكىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچېن مەسىلىسىنىڭ ھەل بولماي ئۇزۇنغا سوزۇلىشى جۇڭگوغا نىسبەتەن شىمالدىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۈمۈت ئېلىپ كېلىدۇ . قايغۇلۇق ئىش بولسا چېچېن مۇستەقىللىق ھەركىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا باشلامچىلىق رول ئوينىشى مۇمكىن ، ئۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئۆرپ- ئادەتنى ئاساس قىلىدىغان ھۆكۈمەتلەر پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ يوق بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. خەلقئارادا جۇڭگونىڭ قولىدا گىرتسىيە كوزۇرى، سىپرۇس كوزۇرى بار. تۈركىيىگە نىسبەتەن كوردلار كوزۇرى بار. ئوتتۇرا شەرقتە ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كوزۇرى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان ئۆتكۈر قورال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر نەزىرىمىز شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، شەكسىزكى بەك يۈزەكىلىك بولىدۇ. ئامرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەقىقىي نىشانىمىز بولۇشى

لازىم.

7خۇيزۇ مىللىتى ، موڭغۇل مىللىتى ۋە قازاق مىللىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش لازىم. ئەگەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدىكى مەمۇرى رايونلارنىڭ بۆلۈنىشى مۇشۇ پرىنسىپنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىدا موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى ئاران % 4.5 نى ئىگەللەيدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بولسا % 34.3 نى ئىگەللەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بۆرتالادا بولسا موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى ئاران % 6.8 نى، ئۇيغۇرلارنىڭ بولسا % 16 نى ئىگەللەيدۇ. بۇ شەكسىز شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسى. ئىلى رايونىدا بولسا قازاقلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى تىزگىنلەپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر تەبىئى بايلىقلارنىڭ تارقىلىشىغا قارايدىغان بولساق ، مەسىلەن چوڭ نېفتلىكلەرنىڭ تارقىلىشىدىن بۇ نوقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ھى ھى ھى... ئاتا بوۋىلىرىمىز ھەقىقەتەن داناكەن!

8. شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاش كېرەك. « ئەركىنسىزلىك ئىچىدە ئەركىنلىكنى ھىس قىلىش » نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى ۋە تەشۋىقات خىزمىتى بىر – بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ، بىراق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتنى كونتىرۇل قىلىشى ، مەيلى ۋاستىسى ياكى ئۈنۈمىدىن بولسۇن ئىنتايىن ناچار . بۇ جەھەتتە بىز ئەڭ ياخشىسى ئامرىكىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

9. بارلىق ئامال –چارىلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى شىنجاڭدىن چىقىرىپ ، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىشقا قىزىقتۇرۇپ ۋە مەجبۇرلاپ ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ ، خەنزۇلار ئارىسىدا يوق قىلىۋېتىش كېرەك . بۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچىنى تارقاقلاشتۇرغىلى ھەمدە ئەمىلىيەتتە مىللەتلەر ئالاقىسىغا پايدىلىق .

خاتىمە

ۋاڭ لىشوڭ ئېيتقاندەك ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەقىقى قوزغىلاڭ كۆتىرىدىغان ۋاقتى ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقىپ ، شىنجاڭغا ۋاختىنچە قارىيالمىغان ۋاقىت . بۇ خىل ئەھۋال بەلكىم جۇڭگو دېموكراتىك شەكىلگە ئالماشقان ۋاقىتتا ، مەركەزنىڭ سىياسى ھوقوقنى كونتىرول قىلىشى ئاجىزلاشقاندا ، پۈتكۈل جۇڭگو جەمىيىتى داۋالغۇش ۋە تالاش –تارتىشقا پېتىپ قالغان ۋاقىتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن . شۇ ۋاقىتتا ، ئامرىكا باشچىلىقىدىكى غەرىپ دۆلەتلىرى چوقۇم ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ، شۇ ۋاقىتتا ئاجىز ئورۇندا تۇرغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى يول قويۇشقا قىستاش بىلەن تەڭ ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يۆلەپ ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، « ئومۇمىي خەلق قارار قىلىش » ، « مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش »، « كىشىلىك ھوقوق ئىگىلىك ھوقوقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ » دىگەندەك سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارىلىشىدۇ ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنىچلىق ساقلاش قىسمى كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىنكى ۋاقىت دەل

شىنجاڭنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن ۋاقتى بولىدۇ . 1930 -يىللىرى شىنجاڭدا نەچچە ئونمىڭ سوۋېتچە قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيە پەيدا بولغان ، شۇ ۋاقىتتىمۇ نەچچە ئونمىڭ ئامرىكىچە قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيىنى پەيدا بولمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ھەممە گەپنى يېغىپ كەلگەندە، پەقەت بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا قالايمىقانچىلىق چىقمىسىلا ، ھېچ بولمىغاندىمۇ شىنجاڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەسلى مەنبەسى (خىتايچە):
http://bbs.54man.org/redirect.php?tid=185583&goto=lastpost

收文
96年11月8日

№ 00

قەتئىي مەخپىي

# جكپ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى

ك (1996) 7 - نومۇرلۇق

★

## مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئاچقان شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يىغىننىڭ خاتىرىسى

(1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىن خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەڭ كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە

چىداپ كۆرەش قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتە ئاساسەن مۇقىم بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول بايلىققا ئىگە، ئەتراپىدىكى مۇھىت ھازىر بىرگە بىر قەدەر پايدىلىق، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كىشىنى خوشال قىلىدۇ. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىقتىساد بىر قەدەر يۈكسىلىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ. گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر شىنجاڭ چېگرىسى ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا قوللىماقتا؛ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىرلىشىشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈنسايىن كۈچەيتمەكتە؛ چېگرا ئىچىدە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇترىتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرىش، پارتلىتىش، تېررورلۇق قىلىش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن ھالەتتىن يېرىم ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى، ھەتتا ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا ۋە بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋەزىپىسى ۋە ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، خىزمەتلىرىمىزدە بىر مۇنچە ئاجىز ھالقىلارمۇ مەۋ-

ۋاقىتتا ، شىنجاڭنىڭ
جۇت. شۇڭا ، ئەتىجتىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شىنجاڭنىڭ
مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ، مۇرەككەپلىكى ۋە
مۇشكۈللۈكىنى قولىۋق تونۇش لازىم. نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا كۆ-
رەشتە ، شىنجاڭ ئالدىدا بىر مۇنچە رىئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىزلىق ئامىللى-
رى مەۋجۇت ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتنى
ۋاقتىدا كۈچەيتمىگەندە ، بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدىكى بەزى ۋەقەلەر تۇيۇق-
سىز يۈز بېرىپ ، ھەتتا مەلۇم دائىرىدە پاراكەندىچىلىك ، مالىمانچىلىق يۈز
بېرىپ ، شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىشى مۇم-
كىن. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ، خەلق ھۆكۈمەتلى-
رى ۋە ئالاقىدار تارماقلار چوقۇم يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئا-
ساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، تىنچ شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ - خەتەر-
نى ئويلاپ ، سۈكەلگۈچە تۇغان سېلىپ ، ئىسلاھات ، تەرەققىيات ، مۇقىم-
لىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆ-
كۈمەت رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغ-
داش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى يۈكسەك
كۆتۈرۈپ ، كەڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپا-
قلىشىپ ، سەزگۈرلۈك ۋە مەردانىلىق بىلەن ئېگىز
ۋە ئۇلارغا تايىنىپ ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئېغىر
جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە
ئۇلارغا زەربە بېرىپ ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى قاراتما-
لىقى بولغان ھالدا ئۈنۈملۈك كۈچەيتىشى كېرەك.
2. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشنى بولۇپمۇ
ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، مەيدانى مۇستەھكەم ، سىيا-
سىي جەھەتتە ئىشەنچلىك كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىش لازىم. بۇ يىل ۋە كېيىنكى
يىل ئىككى يىل ئىچىدە ئاجىز ، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرغان پارتىيە ياچېيكى-
لىرىنى ئۇيدان تەرتىپكە سېلىش ، بولۇپمۇ دىنىي كۈچلەر چاڭگىلىغا كىرگۈ-
زۈۋالغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىشقا ئەھمىيەت بې-
رىش ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇدى-
رىنى نۇقتىلىق ياخشى تاللاش ، ياخشى قويۇش كېرەك. « تۆتلە شتۇ-
رۇش » فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسەن ، يېزا ـ بازار پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنى پارتىيە-
نىڭ سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ، ئامىمنى ئىتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يې-
تەكلەپ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتالايدىغان ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان مۇستەھ-
كەم جەڭگىۋار كوللېكتىپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك . شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق قىسىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىن بىر تۈركۈم بىر قە-
دەر مۇنەۋۋەر پارتىيىلىك كادىرلارنى ، جەڭچىلەرنى تاللاپ ، شىنجاڭنىڭ
ناھىيە ، يېزا دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ، كادىرلار قۇرۇلمى-
سىنى ياخشىلاش كېرەك . ھەر مىللەت كادىرلىرىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايى-
نىپ ، قەتئىي تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرىدىغان ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ، كۈچلۈك ئىن-
قىلابىي كەسىپچانلىقتا ۋە مەلۇم كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە زور بىر تۈركۈم
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۈچ سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم ؛ شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ ، شىنجاڭنى قىزغىن
سۆيىدىغان ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئا-
ساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدىغان ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي
سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم خەنزۇ كادىرلارنى يې-
تىشتۈرۈش ۋە شىنجاڭدا ئىشلەشكە يۆتكەش كېرەك . شىنجاڭدا كادىر تەر-
بىيەلەش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى-
گە ۋە باشقا مەكتەپلەرگە تەربىيەلەشكە تاللاپ ئەۋەتىدىغانلارنىڭ سانىنى
مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك . پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياشلارنى
تاللاپ ئىچكى جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئىچ-
كى جايلاردىكى ئۆلكە ، شەھەرلەرگە ياكى مەركەزدىكى ئورگانلارغا
تاللاپ ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە قويۇش ، ۋەزىپىگە تەينلەش كېرەك . ئىختىساس
ئىگىلىرىنى پائال كىرگۈزۈش ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇھاكىمە قى-
لىپ تۈزۈپ ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ
ئىشلەشكە جەلپ قىلىش كېرەك . ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئىختىسابىن ئىگىلە-
رى بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەپ ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش كېرەك . ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق رەھبە-
ربىي تايانچىلار ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئوت-
تۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ ، بۇنى مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئالاقىدار

ئۇلكە ، بىۋاسىتە قارىشلىق شەھەرلەر بىلەن بىرلىكتە ياردەملىشىپ ھەل قى-
لىپ بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ باشتىن - ئاخىر كوم-
پارتىيىنى ، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ، جۇڭخۇا مىللەتلى-
رىنىڭ ئۇيۇلۇك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا مەھكەم تۇرۇ-
شىغا ، ئىسلاھات ، تەرەققىيات ، مۇقىملىق تەدبىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا
ئەمەلىيلىشىشىگە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈك-
سىز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەر-
لىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، كادىرلار
قوشۇنىغا بولغان تەربىيە ، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش ، سىياسىي ، ئىقتىسا-
دىي ، ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە ئېغىر مەسىلىسى بار كادىرلار بايقالسا ،
ئۇلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈش ، ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك ، ھەرگىزمۇ ئۇز
ھېلىگە تويۇپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

3 . پارتىيىنىڭ مىللىي ، دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ، توغرا ئىزچىللاش-
تۇرۇپ ، مىللىي ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم .
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ ئامما كومپارتىيە رەھبەرلىك-
نى ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداي-
دۇ ، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەس-
تايىدىل تەكشۈرۈپ ، خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ياخشىلاش كېرەك . مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى بويىچە كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى
قانات يايدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە
راۋاجلاندۇرۇش كېرەك . ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى
توغرا ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر مىل-
لەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل
زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ ۋە توغرا ھەل قىلىپ ، نېمە مەسىلە بول-
سا ، شۇ مەسىلە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . ھەممە مەسىلىنى پەرقلەن-
دۈرمەي مىللىي مەسىلە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. خەلق ئارى-
سىدىكى ماجىرانىڭ مىللىي ماجىراغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
كېرەك : مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ ، ئىنتا-
يىن ئاز ساندىكى يامان نىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا
بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىـ
كەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك . دىنىي مەسىلىگە ، ئۇـ
مۇمەن ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندۇ. پارتىيىنىڭ
دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ ،
دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك . كەسكىن
تەدبىر قوللىنىپ ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ،
بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق
زەربە بېرىش كېرەك . بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكـ
لەش كېرەك . يەنە يېڭىدىن مەسچىت سېلىشنى قاتتىق تىزگىنلەش ، ھۆكۈـ
مەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ سالغان مەسچىتلەرنى دىنىي پائالـ
يەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش يولى بىلەن ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .
پوزىتسىيىسى مۇجمەل بولغان ھەتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەيداندا چىڭ
تۇرغانلارنى ۋاقتىدا ، سالماقلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ۋە ئالماشتۇرۇپ ، مەسـ
چىت ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشەنـ
چىلىك ، ئىقتىدارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا تۇتقۇزۇش كېرەك . يەر ئاستى
دىنىي مەكتەپ ، چاپباشخانا ، تەپسىرخانا قاتارلىق قانۇنسىز تەشـ
كىلاتلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، يەر ئاستى « تالىپ »لارنىڭ قاـ
نۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېـ
رەك . يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ، نۇقتىلاردا تەربىيىلىنىپ چىققان خادىملارـ
نى بىر - بىرلەپ تىزىملاپ ، قاتتىق كونترول قىلىش ، ئۇلار ئىچىدىكى ئاـ
دەتتىكى خادىملارغا ، ئاساسلىقى ، تەنقىدىي تەربىيە بېرىش ، قانۇنغا
خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغانلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش كېـ
رەك . دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىـ
شىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ توسۇش كېرەك . دىنىي ساھەدىكىلەرگە
بولغان قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنغا
رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - تۈـ
زۈم يولىغا سېلىش كېرەك . دىنىي زاتلارغا دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بوـ
يىچە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ، دىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار ، ئەدلىيە ، مائاـ
رىپ ئىشلىرى ۋە ئاممىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا بولمايدىغانلىـ
قىنى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايـ
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن بىز ۋاللىتاء دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا قانۇن ، قائىدە - نىزاملارنى كۆپ خىل يول ۋە

ئۇسۇل ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ھەم دىنىي ئې-
تىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى
قوغداش كېرەك؛ باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاشقا ھەرگىز
يول قويۇلمايدۇ. سىستېمىلىق تەربىيەلەش ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكىسكۇر-
سىيىگە، ئۆگىنىشكە بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياش بىر ئەۋلاد
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش،
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.
ھەر دەرىجىلىك مىللىي، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي
قاتلام مىللىي، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيـ-
تىش، ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

4. تەشۋىق - تەربىيىنى ياخشى تۇتۇپ، مەكتەپلەرنى ئىنقىلاب ۋە تەرتىپكە
سېلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش
لازىم. تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنـ-
جاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارى-
شى، دىن قارىشىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي سىياسىتى ۋە
دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىـ-
يالىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، «ياشىسۇن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلى-
قى» دېگەن ئىدىيىنى ۋە كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۆ-
رەش قىلىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كا-
دىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى توغرا دۆلەت قارىشى،
مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، قانۇن - تۈزۈم
قارىشىنى كۈچەيتىش، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن
ئايرىلالمايدۇ دېگەن سىياسىي قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتى-
گە ئىگە قىلىش، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر
قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك.
چېگرا جايلاردىكى مەكتەپلەر ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈ-
چەيتىپ، شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، را-
دىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي يېزىقتىكى نە-
شر بويۇملىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە،
مەدەنىيەت بازىسىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىرلار ، ئوقۇتقۇچىلارغا ، كەڭ ئامىنغا ، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە
بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك . كومپارتىيە ئە-
زالىرى ۋە پارتىيە كادىرلىرى ماركسىزمچى ماتېرىيالىزمچىلار ۋە ئاتېئىزم-
چىلار ، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىش-
شىغا بولمايدۇ . دىنىي ئائىلىدىن ئۆسۈپ چىققان ، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن
ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى دىنىي ئائىلىنىڭ تەسىرىدىن
ئاڭلىق قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك ؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىد-
غان ، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چې-
كىندۈرۈش كېرەك . مائارىپ تارماقلىرى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى
ئېنىقلاش ، تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇشى ، دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ
ئادەتتىكى مەكتەپلەرنى چېرىتىشىگە ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى سىڭدۈرۈشىگە يول
قويماسلىقى ، ھەر خىل دەرىجىلىكلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قى-
لىدىغان ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلارنى قەتئىي چىقى-
رىپ تاشلىشى لازىم . چېگرا سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى
مەكتەپلەرگە كېلىپ دەرس سۆزلەش ، قاتارلىق ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالى-
يەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش ، دىنىي مەسىلە قاتارلىق
سەزگۈر مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن دۆلەت مائا-
رىپ كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىق-
لىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك . چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار-
نى تاللاشتا ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە رېئال ئىپادىسىگە ئالا-
ھىدە دىققەت قىلىش كېرەك . ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلارنى ئەۋەتىشكە
بولمايدۇ . مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان ،
ئۆزى پۇل چىقىرىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈ-
رۈپ تەستىقلاشتا ، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىشى كېرەك . ئوتتۇرا - باشلان-
غۇچ مەكتەپلەرنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى مەكتەپلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇ-
رۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك ، چېگرا را-
يونىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چېگرا سىرتىد-
كى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا بولمايدۇ . يوقىرىقى بەل-
گىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان مەكتەپ رەھبەرلىرى ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىشچى -
خىزمەتچىلەرگە تەنقىدىي - تەربىيە بېرىش ، قىلمىشى ئېغىرلارنى قانۇن ،
ئىنتىزام بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم . مەدەنىيەت ، كىتاب - ژۇر-

نال بازىرى، ئەشرنىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك ساھەسىنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك. تارىخنى بۇرمىلايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ۋە قانۇنسىز دىنىي ئىدىيىنى تەرغىب قىلىدىغان كىتاب - ژورنال، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى بىردەك تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش، يىغىۋېلىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

5. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قاتارلىق خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئورگانلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىنىنى ۋە كادىر - ساقچى قوشۇنىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساپاسىنى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارغا سېلىنىدىغان ماددىي سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ جابدۇقلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئومۇمىي جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە ئارمىيىنىڭ ئاخبارات تارماقلىرى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە ئاخبارات توپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سەزگۈر ئاخبارات - ئۇچۇر تورى قۇرۇپ، چوڭقۇر قاتلاملىق، ئىچكى پەردە خاراكتېرلىك، ئالدىن سىگنال بېرىش خاراكتېرلىك ئاخبارات - ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا، توغرا قولغا چۈشۈرۈش لازىم. مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېت قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ۋە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. شىنجاڭ رايونىدىكى تۇرمە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترەتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۇرمە، تەربىيىلەش ئەترەتلىرىنىڭ تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. چېگرا، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ۋە قورال - ياراغ ، تەشۋىقات بويۇملىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىدىن ۋە
چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالاقە باغلاپ تىل بى-
رىكتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش لازىم.

6. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىش لازىم. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرىدىغان
ۋە چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ئىشەنچلىك مۇھىم كۈچ.
ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىق-
نى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇ-
رۇش، قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئىچكىرى جايلاردىكى ئىرادىلىك
ياشلارنى بىڭتۈەنگە كېلىپ ئىشلەشكە داۋاملىق سەپەرۋەر قىلىپ، قوشۇننى
زورايتىپ، بىڭتۈەننىڭ چېگرا رايوننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئالا-
ھىدە فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىڭتۈەن ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە،
زۆرۈر بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى
لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىڭتۈەننىڭ
تۈزۈلمىسى، فۇنكسىيىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلى-
دۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش، بوز يەر
ئېچىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ. دۆلەت
ئۇنىڭ «ھەربىي ئىشلىرى»غا ھەربىي ئىشلار تارماقلىرىغا قويۇلىدىغان تە-
لەپ بويىچە مۇناسىپ خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. بىڭ-
تۈەننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى يەنىلا دۆلەت پىلانىغا
ئايرىم كىرگۈزۈلىدۇ ھەمدە يەرلىكنىڭكى بىلەن زىچ تۇتاشتۇرۇپ بىر گەۋدى-
گە ئايلاندۇرۇلىدۇ. دۆلەت جەنۇبىي شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرغان،
گۈللەندۈرگەن پۇرسەتتىن چىڭ تۇتۇپ، بىڭتۈەننى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زو-
رايتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىڭتۈەنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خىز-
مىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن
بىڭتۈەن ئوتتۇرىسىدىكى ئوتلاق، سۇ، يېزىلما بايلىق قاتارلىق جەھەتلەر-

دە كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

7. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي قورۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى پولات سېپىل ھاسىل قىلىش لازىم. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. قىسقىغا، مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەت تەربىيىسىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئارازچىلىق پەيدا قىلىپ ۋە سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى، پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم، ئۇقۇملۇقىنى قوغداش، ھەرىكەت لايىھىسى ۋە كاپالەتلىك قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، زىچ ماسلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ھەمكارلىشىش لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسىم سىناق نۇقتىسى خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشى لازىم. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ئەسكەرلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) مەركەزلىرىدە قورۇلغان خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبىلىرىگە بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش، قا[illegible]رۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىك، قوماندانلىق ھوقۇقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

8. ئالاقىدار دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆپ تەرەپتىن چەكلىشى لازىم. تۈركىيە، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنىڭ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت بازىسى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ

ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرىكىتىنى چەكلىشى ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇشۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىككى تەرەپ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا بولغان بېسىمنى داۋاملىق ساقلاش، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر سۆزلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار يۈزلىنىشنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، بولۇپمۇ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى بۆلۈپ ۋە پارچىلاپ، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاز ساندىكىلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش لازىم. جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە شەھەرلەرنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەردىكى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ، چوڭقۇر دوست تۇتۇپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە چەكلەش لازىم.

9. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش لازىم. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدە بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دائىم ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ئالدىن تۈزۈپ چىقىپ، مانېۋىرنى كۈچەيتىش ھەم ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش

لازىم. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىش، تۈپتىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەخسۇس كۈچ-
نى كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەز-
پىتىنى دائىم تەھلىل قىلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، سى-
ياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەپ بې-
رىپ، ھەرىكەت لايىھىسىنى ئالدىن تۈزۈپ، تۈرلۈك جىددىي، مۇرەككەپ
ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كۈچى تەييارلىقىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى
لازىم. ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان باشقا ئۆلكە، ئىچكى ھەر-
لەردىكى قوراللىق ساقچى قىسىمى تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى
لازىم، كۆرۈلىدىغان تەجرىبىلەرنى يۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئاساسىي قاتلام قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، جىددىي ئەھۋالغا
تاقابىل تۇرۇش مەشقىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، كاپالەتلىك قىلىش ئىسالھە-
قىنى ئاشۇرۇپ، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان تېزدىن ئاتلىنىشنى ھەقىقىي ئىشقا
ئاشۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى زوراۋانلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش
تەرتىپى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم زاپاس كىچىك شۆبە تەرتىپى قۇرۇلۇ-
شىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش
لازىم. مۇقىم مۇھىم نىشانلارنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ،
ئۇنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يەرلىك ھەر دەرى-
جىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جايدا تۇ-
راللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى مۇقىملىقنى قوغداش بىر-
لەشمە يىغىنىغا ۋە قوماندانلىق ئاپپاراتىغا قاتناشتۇرۇشى لازىم.

10. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش
لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نى تېزلىتىشتە چىڭ تۇرۇش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئا-
ساسى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 14- نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە 8- نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 4- يىغىنىدا ماقۇللانغان ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى
ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9- بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010- يىلىغىچە

بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربىي قىسىم تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پەرقنى كىچىكلىتىش كېرەك. مەركەز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مايىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كەسىپلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، مالىيە كرېدىتى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتتە شىنجاڭغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ مەدەت بېرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتى ئوقتىلىق ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. مەركەزنىڭ پۇل چىقىرىشى، يەرلىكنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى تېزلىكتە پۈتتۈرۈپ، بۇ جاينىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تېز ئۆزگەرتىش كېرەك. دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسىدا، 9 - بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشى لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «يىغىن خاتىرىسى»نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلەرنى بىر - بىرلەپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى، ئىچكى قىسىم بىلەن سىرتنى پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى بويىچە،

ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ، بۇ «خاتىرە»نى يەتكۈزۈش ، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى كېرەك .

(بۇ ھۆججەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ، لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتىيە كومىتېتىغا ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقدار بۆلۈم ، كومىتېتلىرىغا ، دۆلەت ئورگىنىدىكى ئالاقدار مىنىستىرلىك ، كومىتېتلاردىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) غا ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش بۆلۈملىرىگە ، ئالاقدار خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا تارقىتىلىدۇ)